گۈزەل يۇرت ـ ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن قوغدايمەن شىنجاڭنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىمەن

**□ گۈچۈڭ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بلىيۇخې ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى چىن خەيلىڭ**

ئائىلىمىزدىكى ئۈچ ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ھەممىسى «ئالتۇن گۈچۈڭ» «قورۇقلۇقتىكى پورت» دېگەن گۈزەل ناملىرى بار گۈچۈڭ ناھىيەسىدە ياشاپ كەلگەن. مەن يۇرتۇمنىڭ پاكار كېسەك ئۆيلەردىن ئازادە بىنا ئۆيلەرگىچە، چەكسىز چۆل ـ باياۋاندىن بوستانلىقلارغىچە، ئادەمزاتسىز قاقاسلىقلاردىن ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرگىچە بولغان ئۆزگىرىشلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ، داۋالاش، تۇرالغۇ قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەمەلىي بولغان ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى ھېس قىلدىم. كومپارتىيە بولمىسا، يېڭى جۇڭگو بولمايتتى، بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى بولمايتتى. بىز دائىم مىننەتدارلىق ھېسسىياتىمىز بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىمىز، ئۇلۇغ ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىمىز، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

كىچىك ۋاقتىمدا، ئۆيىمىز كىچىك بىر كەنتتە ئىدى، ئاتا ـ ئانام ھەر مىللەت يۇرتداشلار بىلەن بىللە ئەمگەك قىلاتتى، بىللە تۇرمۇش كەچۈرەتتى، تۇرمۇشىمىز گەرچە قىيىن بولسىمۇ، لېكىن كۆپچىلىك ناھايىتى چىقىشىپ ئۆتەتتى، ئۆزئارا ياردەم بېرەتتى. ئەتراپىمدىمۇ ئوخشاش بولمىغان مىللەتتىن نۇرغۇن ساۋاقداشىم بار ئىدى، بىز بىللە ئۆگىنىپ، بىللە ئويناپ، بىللە ئۆسۈپ يېتىلىپ، سېنىڭ ـ مېنىڭ دېيىشمەي، تۇرمۇشنىڭ گۈزەللىكىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولدۇق. خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن، بىزنىڭ دوستلۇقىمىزمۇ ئەزەلدىن ئۈزۈلۈپ قالمىدى، يەنىلا ئۆز خىزمەت ئورنىمىزدا ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئورتاق ئالغا ئىلگىرىلىدۇق.

بلىيۇخې ساقچىخانىسىغا كەلگەندىن كېيىن، مەن ھەمىشە بۇ خىل مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېسسىياتىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندىم. ھەر قېتىم «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەندە، قورۇ دائىم كۈلكە ـ پاراڭلار بىلەن ناھايىتى قىزىپ كېتەتتى. كۆپچىلىك بىرلىكتە تاماق ئېتىپ مۇڭدىشىپ، پارتىيەنىڭ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى بىرلىكتە ئۆگىنىپ، يۇرتىمىزدىكى ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە بىرلىكتە كەڭ ـ كۇشادە پاراڭلىشىپ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئارىلىقنى يېقىنلاشتۇرۇپلا قالماي، يەنە بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئارىسىدىكى ھېسسىياتنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. بۇ پائالىيەتلەر ھەقىقىي تۈردە پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقىنى قوشماقلاشقان تۇغ-

قانلارنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۇرۇقىنى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر ئورنىتىپ، يىلتىز تارتقۇزۇپ بىخلاندۇرۇپ، چېچەكلىتىپ مېۋە بەرگۈزدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئەھمىيىتى ئاددىي ھەرىكەتلەردە يۇكسىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقى چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلىشقا پۇختا ئاساس سالدى.

شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چوڭ ئائىلە، بىز ھەر مىللەت خەلق بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن ئۆتىمىز، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى ئىناق، مۇقىم، ئىقتىساد سىجىل تەرەققىي قىلغان، ھەر مىللەت ئامما ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، ھاياتىنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەيدۇ. ئەتراپىمىزدىكى تەرەققىيات، ئۆزگىرىشلەر، كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى كۆز ئالدىمىزدا ئېنىق نامايان بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، بۈگۈنكى گۈزەل تۇرمۇش ئاسان قولغا كەلمىگەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەرمىللەت ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ ئورتاق تىرىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىناق، مۇقىملىقىنى قوغدايمەن، ئورتاق ھالدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ پولات سېپىلىنى قۇرۇپ، ئىشچان ئىككى قولىمىزغا تايىنىپ بارغانسېرى بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇشنى يارىتىمىز.

ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق بەخت، بۆلگۈنچىلىك، مالىمانچىلىق ئاپەت. مەن سىياسىي مەيدانىمنى چىڭ تۇتۇپ، چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىلەر ئالدىدا كاللامنى سەگەك تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ئامما يولۇققان قىيىنچىلىقلار، مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىمەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان پائالىيەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ھەرمىللەت ئاممىنى پائالىيەت ئارقىلىق ھېسسىياتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىغان، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان، پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭىدىغان قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشىمەن.




(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھەيدەكچىلىك قىلىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، پەرقلەرنى ۋاقتىدا تۈزىتىپ، ئىز قوغلاپ ئۈنۈمنى سۈرۈشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى كېرەك. ھەردەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ شۇجىلىرى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىپ، باشلامچىلىق بىلەن تۈزىتىپ، ئۆزى تۇتۇپ، چوڭقۇر تۇتۇپ، قاتلامۇقاتلام بېسىم يەتكۈزۈپ، مەسئۇلىيەتنى دەرىجىمۇدەرىجە چىڭىتىپ، خىزمەتتە بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. سىجىل ھالدا نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى سىجىل يېتىشىپ ئۆگىنىپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىش نەتىجىلىرىنى ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتىكى تۈگمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. مەخسۇس تېمىدىكى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى يۇقىرى سۈپەتلىك ياخشى ئېچىش كېرەك. چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، بەنزە ۋە شەخسنىڭ تەكشۈرۈش ـ كۆزدىتىش ماتېرىياللىرىنى ئەستايىدىل يېزىپ، «ئۈچنى تەتبىقلاش»نى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى بىر قېتىملىق چوڭقۇر ئەسلىي مەقسەت، بۇرچ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىش، بىر قېتىملىق كەسكىن بولغان پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشتا تاۋلىنىشنى باشتىن كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. مەخسۇس تۈزەشنى سىجىل چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكى «قايتا قاراپ چىقىش»نى ئەستايىدىل تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشنى چىڭ تۇتۇپ، ھەقىقىي تۈردە خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ، ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈم ئارقىلىق ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش كېرەك. قائىدە ـ تۈزۈم ئورنىتىشنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇش كېرەك. «ھازىر تۈزىتىش» بىلەن «ئۇزاققىچە تۇرغۇزۇش»نى بىرلەشتۈرۈپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇش ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك. بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشكە زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك. باش تېما تەربىيەسى

بىلەن يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يېتىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. مۇستەھكەم روھ، ئەمەلىي ئىستىل ئارقىلىق ھەيدەكچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مەركەز قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش 21 ـ نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ «قايتا قاراپ چىقىش» ئەھۋالىدىن قايتما ئىنكاس قىلىش يىغىنىغا ئالاقىدار ئەھۋاللار ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىندى. يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركەزنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىشقا نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»تا قايتما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈزىتىش لايىھەسى تۈزۈپ، تۈزىتىش ۋەزىپىسىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، قايتما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى نۆللەشتۈرۈش، تۈزىتىش ۋەزىپىسىنىڭ ھەممىسىنى تېگى ـ تەكتىگە يەتكۈزۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم بولۇشىنى قەتئىي تەۋرەنمەي قوغداش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار مۇزاكىرە قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى ۋېي، شۈ خەيرۇڭ، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

# ئادەم ئاياغ باسمىغان جاي چوڭقۇر تاغ ئىچىدىن يول ئېچىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قىش پەسلىدە قېلىن قارنىڭ تاغنى، يولنى توسۇۋېلىشى ئادەتتىكى ئىش. «بىر قېتىم قېلىن قار يولنى توسۇۋېلىپ، نەرسە ـ كېرەكلەرنى توشۇپ كىرەلمەي، كۈندە ياڭيۇ، بەسىيلا يېدۇق، بىر ھەپتىدىن كېيىن ياڭيۇ، بەسىينى كۆرسەملا كۆڭلۈم ئېلىشىدىغان بولدى» دېدى ۋاڭ گۇاڭكې.

ئەتىياز، ياز پەسىللىرىدە چاڭ ـ توزانلىق كۈن كۆپ بولىدۇ، بوران ھەش ـ پەش دېگۈچە خىزمەت ۋە تۇرمۇش رايونىنى چاڭ ـ توزانغا كۆمۈۋېتىدۇ. «بىز دائىم چاقچاق قىلىپ، ‹ئۇزۇقلۇق يېتىشمىسە قوم بىلەن تولۇقلايمىز› دېيىشىمىز» دېدى ۋاڭ گۇاڭكې.

ئالتۇنتاغ دېڭىز يۈزىدىن بىر قەدەر ئېگىز بولۇپ، S6 بۆلىكىدىكى تۇرمۇش ۋە قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 3500 مېتىر كېلىدۇ، تېز ماڭسا روشەن ھالدا دېمى سىقىلىدۇ.

«بۇ مەن خىزمەت قىلغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان يولۇققان ئەڭ ناچار قۇرۇلۇش قىلىش مۇھىتى ھېسابلىنىدۇ» دېدى ۋاڭ گۇاڭكې.

بەزىلەر بۇ تۈرگە قاتنىشىپلا بۇنداق ياشاش مۇھىتىنى كۆرۈپ، بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى. «بەزىلەر كەتتى، بەزىلەر كەلدى، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ نەچچە يۈز ئادەم كەتتى، لېكىن تېخىمۇ كۆپ ئادەم قېپقالدى» دېدى ۋاڭ گۇاڭكې.

**■ تونېلدىن كۆپ مىقداردا سۇ چىقتى، ئەمما قىيىن ئۆتكەلدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتتۇق**

تۇرمۇش مۇھىتى ناچار، قۇرۇلۇش قىلىش شارائىتىمۇ ناھايىتى ناچار.

تونېل قېزىشتا نېمىدىن ئەڭ قورقىمىز؟ سۇدىن قورقىمىز. قېزىشقاندەك ئالتۇنتاغ تونېلىدىن سۇ كۆپرەك چىقىپ كەتتى.

«دەسلەپ كەلگەندە قاقاس چۆللۈك ۋە تاغلارنى كۆرۈپ، تونېلدىن نۇرغۇن سۇ چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم» دېدى S6 بۆلىكىنىڭ تۈر دىرېكتورى گو جۈەن.

تونېلنى دەسلەپ قازغاندا، ھەممە ئىش پىلان بويىچە بولدى. كىم بىلسۇن، بۇ يىل 5 ـ ئايدا تونېلدىن چىققان سۇ مىقدارى شىددەت بىلەن كۆپەيدى. «بەزىدە سۇ ئون مېتىر يىراقلىققا ئېتىلىپ چىقتى، ئەڭ كۆپ بولغاندا كۈندىلىك سۇ چىقىش مىقدارى 27 مىڭ كۇب مېتىرغا يەتتى، بۇ، ئۈلچەملىك ئون سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىنىڭ سۇ مىقدارىغا بارابەر» دېدى گو جۈەن.

سۇ چىقىش مىقدارى ئاشقان بولسىمۇ، قۇرۇلۇشنى توختىتىشقا بولمايتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ سۇنى كېچىپ ئىشلەۋەردۇق.

S6 بۆلىكى 3 ـ تارماق قېزىش ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى لو چاۋبىڭغا سەلدەك ئاققان سۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى، «يامغۇرلۇق كىيىم كىيىپ ئۆتكۈرگە كىرىپ قازىمىز، ئۈستىدىن سۇ چۈشۈپ تۇرىدۇ، ئاغىمىز ئاستىمۇ سۇ».

يامغۇرلۇق كىيىم كىيگەن تەقدىردىمۇ، سوغۇق سۇ يەنىلا كىيىم ئىچىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ، پاختىلىق چاپان ناھايىتى تېزلا ھۆل بولۇپ كېتىدۇ. بىردەم ئىشلىگەندىن كېيىن، قېزىش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى ئىشنى توختىتىپ كىيىمنى قاقلايدۇ. «ھەر كۈنى توڭلاپ زۇكام بولۇپ قالىدىغانلار بار» دېدى لو چاۋبىڭ. 8 ـ ئايدا، سۇ چىقىش مىقدارى ئازايدى، ئاخىرى ھەركۈنى سۇغا چىلىشىپ ئىش قىلمايدىغان بولدى.

قۇرۇلۇشنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان ئىشلاردىن يەنە مۇرەككەپ گېئولوگىيەلىك شارائىتمۇ بار. ئالتۇنتاغ تونېلى قۇرۇلۇشى دائىرىسىدە كارست، كۆپمە جىنس، ئېگىزلىك كۆچىنىشى ئۇچراپ تۇرىدۇ، پەقەت كېسىپ ئۆتكەن گېئولوگىيەلىك ئۈزۈلمە بەلباغلا 11 بولۇپ، قېزىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى زور ئىدى.

گو جۈەن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: قېزىش جەريانىدا قۇرۇلۇش خادىملىرى قاتتىق كۆزىتىپ، ئۆلچەپ، ئالدىن گېئولوگىيەلىك مەلۇمات بېرىشنى يولغا قويۇپ، مەخسۇس قۇرۇلۇش قىلىش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى ھەم قاتتىق يولغا قويدى؛ ئىش ئۇسۇلىنى مۇۋاپىق تاللاپ، باشتىلا تۈۋرۈك قويۇپ قوغداشنى ۋاقتىدا يولغا قويدى؛ ئۇدۇل يۆنىلىشتە لاي قۇيۇش تېخنىكا تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، تۇسۇش، سۇ چىقىرىۋېتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى ئالدىن قوللىنىپ، قۇرۇلۇش قىلىش جەريانىدىكى ھەربىر قىيىن ئۆتكەلنى بىرمۇبىر يېڭىپ، تۇتاشتۇرۇشنى ئاخىر ئىشقا ئاشۇردى.

**■ ئادەمسىز رايونىدىكىلەر ئائىلىسىدىكىلەرنى سېغىنىدۇ، ئەمما سىگنالنىڭ ئۈلۈشىنى «تەلەي» گە باغلىق**

ئەگەر ناچار تۇرمۇش مۇھىتى ۋە قۇرۇلۇش قىلىش شارائىتىنى يەڭگىلى بولىدۇ دېيىلسە، S6 بۆلىكىدە، يېڭىش ئەڭ تەس بولىدىغىنى ئائىلىسىدىكىلەرنى سېغىنىش.

ئادەمسىز رايوندا يان تېلېفون سىگنالى يوق، سىگنال ئىزدەش ئۈچۈن، ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دۆلەت يولى بويىغا بېرىشقا، ياكى ياندىكى تۆپىلىكتە «تەلەي سىناش» قا توغرا كېلىدۇ.

كەچقۇرۇن ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، تۆپىلىككە ئادەم توشۇپ كېتىدۇ. ئۇلار يان تېلېفونىنى كۆتۈرۈپ، بىردەم مېڭىپ، بىردەم توختاپ، ئازراق سىگنال بولسىلا، دەرھال ئۆيىدىكىلەرگە تېلېفون قىلىدۇ. «بەزىدە تېلېفون ئۇلانغان تەقدىردىمۇ، قارشى تەرەپ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايدۇ. بىراق ئۆيىدىكىلەر تۇغقانلىرىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى كۆرسە، ھەر ھالدا خاتىرجەم بولىدۇ» دېدى S6 بۆلىكى 3 ـ تارماق بۆلۈمى توپا ـ ياغاچ قۇرۇلۇشىنىڭ مۇئاۋىن باش ئىنژېنېرى گاۋ جەنفېي.

كېيىن قاتتىق دېتال ئەسلىھەلىرىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، قىسمەن رايونلاردا ئاخىر بىر قەدەر راۋان سىگنال بار بولدى. گاۋ جەنفېي دائىم ئائىلىسىدىكىلەرگە تېلېفون قىلىپ، ئۆيىدىكى ئىشلارنى سورايدىغان، ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى سۆزلەپ بېرىدىغان بولدى. بىراق ئۇنىڭ يىلدا بىرەر قېتىم قايتىشىمۇ تەس ئىدى، ئەڭ ئۇزاق بولغاندا، ئۇ ئىككى قېتىملىق چاغاننى قۇرۇلۇش ئورنىدا ئۆتكۈزگەندى.

تېلېفوندا سېغىنىشنى بايان قىلغىلى بولسىمۇ، دىدارلىشىشنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ.

بۇ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئوغلى تېلېفوندا گاۋ جەنفېيغا مۇنداق دېدى: «دادا، بۈگۈن يەسلىدە پائالىيەت ئۆتكۈزۈلدى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھەممىسى قاتناشتى، مەنلا يالغۇز تۇرۇپ قالدىم، بىراق مەن يىغلىمىدىم، مەن بەك قەيسەرمۇ؟»

«ئوغلۇمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، تېلېفوننى قويۇۋېتىپ ئادەم يوق يەرگە بېرىپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتىم» دېدى گاۋ جەنفېي.

«دېمەيلا قوياي، باشقا تېمىدا پاراڭلىشايلى.» گاۋ جەنفېي كەينىگە بۇرۇلۇپ، يۈزىنى سۈرتتى.

«بىز جاپا تارتمىساق ھامان باشقىلار جاپا تارتىدۇ، بىز بەدەل تۆلىمىسەك ھامان بەدەل تۆلەيدىغانلار چىقىدۇ. كەلگەن ئىكەنمىز چېكىنسەك بولمايدۇ، بۇ خىزمەتكە يۈز كېلەلىشىمىز كېرەك. ياشانغاندا مەغرۇرلانغان ھالدا ئەۋلادلىرىمغا ‹قاراڭلار، بۇ تونېلنى مەن ياسىغان› دېيەلەيمەن» دېدى گاۋ جەنفېي.

يەلكىسىدىكى ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، تۆمۈريول قۇرۇلۇشچىلىرى ئادەمسىز رايوندا چوڭ تاغنى تېشىپ، زور پولات ئەجدىھانى يىراقلارغا ماڭدۇردى.

# ياش ئوقۇتقۇچىلار ئەمەلىي مەشىق بازىسى بىر ئىشتا قوش پايدا ئېلىپ، ئۈنۈمى ياخشى بولدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) يەكەن ناھىيەسىدە «ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ ياش ئوقۇتقۇچىلار ئەمەلىي مەشىق بازىسى» قۇرۇپ، ياش ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەش يېڭى بازىسى ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تەربىيەلەش يېڭى ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش جەھەتتە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، پارتىيە مەكتىپىدىكى ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش ئىقتىدارى، سەۋىيەسىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈردى، يەنە ئوقۇتۇش ۋە ئوقۇش سۈپىتىنىڭ تەڭ ئۆسۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇشىغا، قەلبلەرگە سىڭدۈرۈلۈشىگە، پۇختىلىنىشىغا داۋاملىق تۈرتكە بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تۆت ئوقۇتۇش تەتقىقات بۆلۈمىدىكى 20 تايانچ ياش لېكتورنى تاللاپ ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ مائارىپنى يەتكۈزۈشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەۋەتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى زىچ چۆرىدەپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، «يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى» «نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشنى يولغا قويۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتايلى» قاتارلىق سەككىز تۈرلۈك مەخسۇس تېمىدا كونسۇلتاتسىيە تەسىس قىلىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش نەزەرىيە ساپاسى ۋە ئەمەلىيەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ «ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇردى»، ئۇلارغا «توك قاچىلىدى».

يەكەن ناھىيەلىك سۇچىلىق ئىدارىسى ۋاپ ئېقىم رايونىنى باشقۇرۇش پونكىتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مېھرىگۈل تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «تەربىيەلىنىش ئارقىلىق، مەن شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە ئىشلىرى بىلىملىرىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىپ، ئاممىۋى خىزمەتنى قانداق ياخشى ئىشلەش، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى قانداق ياخشى تۇتۇش توغرىسىدا چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە بولدۇم. بۇنىڭدىن كېيىن ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشنى سىجىل چىڭ تۇتۇپ، سىياسىي نەزەرىيە سەۋىيەمنى ۋە ئۇنىۋېرسال ساپايىمنى ئۆستۈرۈپ، ئادەتتىكى خىزمەتلەردە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تىرىشىپ جارى قىلدۇرۇپ، ھەر بىر تۈرلۈك خىزمەتنى ياخشى ئىشلەيمەن».

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)نىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى(مۇئاۋىن يۈەنجاڭى) دۈەن لياڭ مۇنداق دېدى: «بىز باش تېما تەربىيەسىنى پۇرسەت بىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشنى ياخشى تۇتۇپ، يەكەن ناھىيەلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىنىڭ ياش ئوقۇتقۇچىلار ئەمەلىي مەشىق بازىسىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ ئومۇملاشتۇرۇپ، تىرىشىپ ئىش تەقسىماتى ئېنىق، يۇقىرى بىلەن تۆۋەن جىپسىلاشقان پارتىيە مەكتىپىنىڭ ياش ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى تەربىيەلەشتە قوش يۆنىلىشلىك ئورتاق پايدا ئېلىشتەك ياخشى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرىمىز».

**(مۇخبىرلىرىمىز پەرىزات ئابدۇل، شياچېڭ ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز جاۋ خەيشيا يازغان)**